# 130919 ـ قەبرە ئۈستىگە گۈمبەز-قۇببىلەرنى ياساشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

قەبرە ئۈستىگە گۈمبەز-قۇببىلەرنى ياساشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

قەبرە ئۈستىگە گۈمبەز-قۇببىلەرنى ياساش ھارام بولىدۇ، بۇنداق قىلىش قەبرە ئەھلىنى ئۇلۇغلاش، قەبرە ساھىبىغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ۋاستە بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن چەكلىگەن، رىئاللىقتا نەزەر سالغىنىمىزدا قەبرە ئۈستىگە كاتتا گۈمبەز ۋە قۇببىلەرنى بىنا قىلغان ئورۇنلاردا كىشىلەر بۇ قەبرە ساھىبلىرىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىپ ئىلتىجا قىلغان ۋە دۇئا قىلغان.

قەبرە ساھىبلىرىگە دۇئا قىلىپ يېلىنىش، قىيىنچىلىقلارنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىنسانىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ شېرىكتۇر. ئاللاھدىن ياردەم سورايمىز".

ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ "ئەقىدە پەتىۋاسى" 26 ـ بەت.